# ﴿يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھاياتى تەسۋىرلەنگەن كۆپ قىسىملىق تىلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرۈشنىڭ ھۆكمى﴾

[ئۇيغۇرچە-الأويغورية-uyghur]


پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز
پەزىلەتلىك شەيخ شەيخ ئابدۇلرەززاق ئەپىپى
پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى غۇدەييان
پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿حكم مشاهدة مسلسل يوسف الصدِّيق عليه السلام﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ عبد العزيز بن باز

فضيلة الشيخ عبد الرزاق عفيفي

فضيلة الشيخ عبد الله بن غديان

فضيلة الشيخ عبد الله بن قعود

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھاياتى تەسۋىرلەنگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرۈشنىڭ ھۆكمى

63704-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ھاياتى تەسۋىرلەنگەن فىلىم كۆپ كۆرىلىۋاتىدۇ، بۇ توغرىدىكى شەرئى ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى سورايمىز؟.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

شىئەلەر (راپىزىلار) يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلىكىدىن ياشلىق ۋە ياشانغان دەۋرىگىچە بولغان ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان فىلىم ئىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىپ يالغاننى ئارىلاشتۇرغاندىن سىرت بۇنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ياشىغان زامانىنى مەۋھۇم تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاشكارا قىلدى. ئۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى پەرئەۋنلار زامانىدا قىلدى. (ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس). پىرئەۋنلارنى مۇۋەھھىدلاردىن (يەنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى) قىلدى. (ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس). قۇرئاننىڭ ئوچۇق تېكىستىنى ئۆزگەرتىپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ساتقان قىلدى. ئەسلىدە ئىش ئۇنداق ئەمەس. فىلىم ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھىيلە-نەيرەڭ ۋە پەسكەشلىكىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.

پەيغەمبەر ياكى ساھابىنىڭ شەخسىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىش دىندا (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدە) چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، بۇنىڭدا نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق ۋە دىنغا زىت كېلىدىغان ئىشلار بولىدۇ. بىر رولغا چىققان ئارتىسنىڭ شەخسىيىتىگە ئالاقىدارلىق زور بۇزۇقچىلىقنى كۆرىمىز. پەيغەمبەرنىڭ رولىغا چىققان ئارتىسنىڭ بەزى سۆز-ھەرىكەتلىرى ۋە كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىمانىنىڭ

ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت بولغان شەرئى مۇھەببەتنىڭ ئارىسى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئاقىۋەتتە ئىنسان ئۆزىنى پېتىنىگە تاشلايدىغان ئىشلارغا ئۆز پۇتى بىلەن بارىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: پەيغەمبەرلەر، ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ شەكلىدە رولغا چىقىشنىڭ ۋە ئارتىسلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىپ رولغا چىقىپ يەنە بىر تەرەپتىن كافىرلارنىڭ رولىغا چىقىشنىڭ ھۆكمى؟ توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بەرگەن:

1-سەھنىدە كۆرسىتىلىدىغىنى ئارتىسنىڭ تەبىئىتىدىكى ياسالما ئىش-ئىز، ساختا، ياغلىمىلىق، ئۆزگەرتىش ياكى سۆزنى زىيادە قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كۆرگۈچىلەرنى مايىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى كونترول قىلىدۇ. بۇ ئارتىسلارنىڭ مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا لايىق ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇلار باشقىلارغا ياكى ھاياتىنى ئىسلامغا ياردەم بېرىش، جىھاد قىلىش ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش، سۆزلىرى دەۋەت-تەبلىغدىن ئىبارەت بولغان پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەرنىڭ رولىغا چىقىپ ئۇلار نامىدىن سۆز قىلىشقا ئەسلا لايىق ئەمەس.

2-ئارتىسلار ئاساسەن راست سۆزلىمەيدۇ، ئېسىل-ئىسلام ئەخلاقى بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ، ئۇلار توقۇلما سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىدۇ، ئەتراپىدىكى ئىشلارغا پەرۋاسىز قارايدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، مال-دۇنيا قازىنىش ۋە تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئۇتۇق قازانغانلىقىنى ئاشكارا قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار ساھابىلار ۋە باشقا پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ رولىغا چىقىپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش، يۈز ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش ۋە ئورنىنى تۆۋەنلىتىشكە ئوخشىغان كۆرۈنۈشلەر مۇسۇلمانلار قەلبىدە ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

3-ئارتىس ئىككى تەرەپلىمىلىك رول ئالغاندا مەسىلەن: بىر تەرەپتىن پىرئەۋن، ئەبۇ جەھل ۋە باشقىلارنىڭ رولىغا چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسا ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ رولىغا چىقىدۇ.

كافىرلارنىڭ رولىغا چىققانلار خۇددى ئۇلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا كۇفىر سۆزىنى سۆزلەيدۇ، پەيغەمبەرلەرنى تىللايدۇ، دەشنام قىلىدۇ، ئۇلارنى يالغانچى، سېھىرگەر ۋە ساراڭ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

پىرئەۋن، ئەبۇ جەھل قاتارلىقلار بىلەن  پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دىئالوگ سۆزلەرنى ھېكايە قىلىش يولى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆز ھېسسىياتى بىلەن ئۇلارنى تورلۇك سۈپەتلەر بىلەن بۆھتان قىلىدۇ، بەلكى ئۇلار شۇ ئورۇندا كۇفرى-ئازغۇن سۆزلەرنى قىلىدۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە بەد-بەشىرلىكنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ئورنىنى چۈشۈرگەنلىك بولۇپ، جەمئىيەتتە كۇفرى-بۇزۇقچىلىققا پەرۋا قىلمايدىغان ھالەت شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

4-ئارتىس مۇسۇلمانلار بىلەن كافىرلار ئارىسىدىكى دىئالوگنى تارىخ بويىچە ئۇتتۇقلۇق ۋە تەسىرلىك ئورۇنلىغان، ئەمەلىي ۋەقەگە ئۇيغۇن توغرا ئىلىپ بارالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يامانلىق تەرىپى ياخشىلىق تەرىپىنى بېسىپ كېتىدۇ، ئىش شۇنداق بولىدىكەن بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى چەكلەش ۋە توسۇش زۆرۈر بولىدۇ.

5-كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر كۆرسىتىپ بەرگەن يوللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئىززەت تېپىپ، ئىسلام غەلىبە قىلغان، تارىخى ۋەقەلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ.  شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھنىڭ كاتتا نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شەھىدلەر ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ماڭغان توغرا يولىدا مېڭىشىمىز ۋە ئەقىدىمىزدە مۇستەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇ بىرگە ئويۇن-تاماشا، ھاۋايى-ھەۋەس رىغبىتىنى قاندۇرۇشقا ماڭغاندىن ياخشى ۋە ئالى ھېممەتكە يېتىشكە يېقىن. ئىلگىركى-كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى(3\268ـ270).

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(دېمەك؛ ماھىيەتتە فىلىمدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتىنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن ۋە قىسسە قۇرئاندا بايان قىلىنغاندەك بولماستىن بەلكى بۇرمىلانغان، ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بۇ مەسىلىگە قەتئى دىققەت قىلىش بىلەن بىلەن بىرگە پەيغەمبەرلەر ۋە ساھابىلار توغرىسىدا ئىشلەنگەن فىلىملەرنى كۆرمەسلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا پەيغەمبەرلەر تارىخىنى مەنبەسى ساغلام بولغان يازما ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش يولىدا قوشقان تۆھپىلىرىنى ھاياتىمىزدا ئۆرنەك قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. يۇقىرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن شەرئىي پەتىۋاسى، قېرىندىشىم ئەمدى مەسىلە سىزدە قالدى. ئاللاھتىن قورقىسىڭىز ھۆكۈمنى كۆرگەن ھامان مەزكۇر فىلىمنى كۆرۈشتىن دەرھال توختاڭ! ئەگەر كۆرۈپ بولغان بولسىڭىز، ئاللاھقا كۆپلەپ تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىڭ! ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىباندۇر. بەندە ئۇچۇن ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىدىن قول يېغىش، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىنمۇ گۈزەل بىر ئىش بولمىسا كېرەك! ـ مۇھەررىر ـ).